# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 3 ـ بەتتە)

خەلقئارا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەمكارلىقىدا يېڭى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردۇق. خېرىدار چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلاردىن يۆتكىلىدىغان كەسىپلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، تۈرلۈك كارخانىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىش ۋە كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىپ ۋە قوللاپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن خېرىدار چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن 3475 نى ئەمەلىيلەشتۈردۇق، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 344 مىليارد 380 مىليون يۈەن مەبلەغنى كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈردۇق.

**6) گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتۇق**

يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قەتئىي چەكلەپ، ئېنېرگىيە، قېزىلما بايلىق ئېچىشنى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت «بىر قوللۇق» تەستىقلاش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدۇق، دەريا باشلىقى تۈزۈمى، كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردۇق، ئەڭ قاتتىق بولغان ئېكولوگىيەنى قوغداش تۈزۈمى ۋە بوشلۇقنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تىزگىنلەش تۈزۈمى، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيە قىزىل سىزىقىنى چىڭ ساقلىدۇق. كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، ساپ تۇپراقنى قوغداش، يېزىلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى تۈزەشتىن ئىبارەت تۆت مەيدان نامايەندە خاراكتېرلىك جەڭنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياخشى قىلىپ، «ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە» «كۈيتۇن ـ مايتاغ ـ شىخو» رايونلىرىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى سىجىل ئاشۇردۇق، شەھەرلەردىكى مەينەت، سېسىق سۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە شەھەر ـ بازارلاردىكى يۇندى بىر تەرەپ قىلىشتا «سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش»نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتۇق، ئىلى دەريا ۋادىسى سۇ مۇھىتىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەرلەردە تۇرمۇش ئەخلىتىنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، «مىڭلىغان كەنتنى ئۈلگە قىلىپ تىكلەش، تۈمەنلىگەن كەنتنى تۈزەش» قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدۇق، جەمئىي 7532 كەنتتە تۇرمۇش ئەخلىتىنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش ئىشقا ئاشتى، 1600 كەنتتە يېزا تۇرمۇش يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسى قۇرۇلدى ياكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ يۇندى تۇرۇبا تورىغا تۇتاشتۇرۇلدى، جەمئىي 1 مىليون 636 مىڭ 500 پاكىز ھاجەتخانا سېلىنىپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 50.02%كە يەتتى. تەبىئىي ئورمان، نۇقتىلىق ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى، چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش، ئوتلاققا قايتۇرۇش قاتارلىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل يولغا قويدۇق، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۈزەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدۇق، ئېرتىش دەريا ۋادىسىدىكى تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتۇق، 2 مىليون 142 مىڭ مو ئورمان بەرپا قىلدۇق، قۇملاشقان يەردىن 5 مىليون 248 مىڭ 900 مونى تۈزىدۇق. ئاپتونوم رايوننىڭ رايون بوشلۇقى ئېكولوگىيە مۇھىتىنى باھالاشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، «ئۈچ سىزىق، بىر تىزىملىك» تۈزۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، بۇلغىما مەنبەلىرىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتۇق. مەركەز مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش داۋامىدا ئوتتۇرىغا قويغان 113 تۈرلۈك تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، 75 تۈرنى ئورۇنداپ بولدۇق. «چوڭ لاپاس ئۆي» مەسىلىسىنى مەخسۇس ئېنىقلاش، تۈزەش ۋەزىپىسىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

**7) مالىيە، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ تىرەكلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇردۇق**

يەرلىك ھۆكۈمەت زايومى تارقىتىشنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق قەرز يولى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىدىن يوشۇرۇن قەرزنى كۆپەيتىپ، يېڭى تۈرلەرنى تەسىس قىلىش، يېڭىدىن «يايما» يېيىشنى قەتئىي چەكلىدۇق، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يوشۇرۇن قەرزىنىڭ ئېشىشىنى قەتئىي توستۇق. باج كېمەيتىش، ھەق تۆۋەنلىتىشتىن كېلىپ چىققان كىرىم ـ چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بېسىمىغا پائال تاقابىل تۇردۇق، 103 مىليارد 800 مىليون يۈەن يەرلىك ھۆكۈمەت زايومى تارقىتىپ، زايوم مەبلىغىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھە، ئاجىز ھالقىلارغا ئىشلەتتۇق. مالىيە كىرىمى تەشكىللەش سالمىقىنى زورايتىپ، مالىيە مەنبەسىنى پائال يېتىشتۈرۈپ، ساقلانما مەبلەغنى جانلاندۇرۇپ، ئادەتتىكى چىقىملارنى زور كۈچ بىلەن ئازايتتۇق، مائاشقا كاپالەتلىك قىلىش، يۈرۈشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش چىقىمىغا كاپالەتلىك قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مالىيەنىڭ تىرەكلىك، كاپالەتلىك رولىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردۇق. پۇل مۇئامىلىسى خەۋپ ـ خەتىرى بويىچە ئالدىن سىگنال بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش خىزمەت مېخانىزمى بەرپا قىلىندى، بانكىچىلىقنىڭ يۈرۈشۈشى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، كاپىتال بازىرىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى ئومۇمىي جەھەتتىن كونتروللۇقىمىزدا بولدى، ئالاقە تورى پۇل مۇئامىلىسى خەۋپ ـ خەتىرى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، قانۇنسىز توپلانغان مەبلەغ ساقلانما مىقدارى خەۋپ ـ خەتىرى پۇختا قەدەم بىلەن تۈگىتىلدى. پۇل مۇئامىلىسى ئاپپاراتلىرىنى ئەمەلىي ئىقتىسادقا قارىتىلغان كىرېدىت مەدەتتىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرلۈك كارخانىلارنى كاپىتال بازىرىدىن پايدىلىنىپ بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردۇق. پۇل مۇئامىلىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ خەلق پۇلى، چەت ئەل پۇلى ئامانەت قالدۇقى 3.2% ئاشتى، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 8.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك ـ مىكرو كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 17.6% ئاشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى A پېيى بازارغا سېلىنغان كارخانا 55كە يېتىپ، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

**8) خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈردۇق ۋە ياخشىلىدۇق**

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن كېڭەيتتۇق. «مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ۋە ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەربىيدىن چېكىنگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى كۆپ يوللار ئارقىلىق ئىلگىرى سۈردۇق. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى شۇ يىلى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئۈچ يىلدا 100 مىڭ كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن تاماملىدۇق، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىدىن بىر كىشىنى 24 سائەت ئىچىدە ئۇدۇللۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار ھەربىر ئائىلىدە ئاز دېگەندە بىر كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق!

مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدىن راۋاجلاندۇردۇق. دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى مائارىپىنى ئومۇملاشتۇردۇق، يەسلى مائارىپىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدۇق، يەسلى مائارىپىدا يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 95.95%كە يەتتى. شەھەر ـ يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتۇق، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.9%كە يەتتى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 95%تىن ئاشتى. كەسپىي مائارىپنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، «قوش قىرلىق» ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتتۇق، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇش يۇغۇرۇلغان مەكتەپ ـ كارخانا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇش يۇغۇرۇلغان ئۆلگە رايوننى قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدەندۇق. ئالىي مائارىپنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، رايون كەسىپ تەرەققىياتى بىلەن ماسلاشقان پەن ـ كەسىپ سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سۈپىتىنى كۈچەپ ئۆستۈردۇق. ئالىي مەكتەپ، ئالىي كەسپىي تېخنىكوملارنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى جايلىشىشىنى ئەلالاشتۇردۇق، شىنجاڭ تەبىئىي پەن ـ سانائەت پەنلىرى شۆيۈەنى ۋۇشۇسكا ئېسىپ قۇرۇلدى، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا شۆيۈەنىنى يۆتكەپ تەسىس قىلىش ماقۇللاندى، خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنى بىرلەشتۈرۈپ، تولۇق كۇرسقا ئۆزگەرتىش قەدىمى تېز ئالغا سىلجىتىلدى، 4 ئالىي كەسپىي تېخنىكوم مەكتىپى يېڭىدىن قۇرۇلدى، تىيانشان كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى دۆلەتنىڭ پۇقراۋى تولۇق كۇرس قاتلىمىدىكى كەسپىي مائارىپ سىناق نۇقتىسى مەكتەپلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. قۇرۇلما خاراكتېرلىك، باسقۇچ خاراكتېرلىك، رايون خاراكتېرلىك ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى پەيدىنپەي ھەل قىلدۇق. ئەلگە مائارىپ ئارقىلىق نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلاردىن ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە تولۇق ياردەم بېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق.

ئەلگە داۋالاش ئارقىلىق نەپ يەتكۈزۈشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتۇق. ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانىلاردا يىراقتىن داۋالاشنىڭ تولۇق ئومۇملىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق، يېزا ـ بازار شىپاخانىلىرى ۋە مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركەزلىرىدە يىراقتىن داۋالاشنىڭ ئومۇملىشىشى 70%كە يەتتى، ناھىيە داىرىسىدە داۋالاش گەۋدىسىنىڭ تولۇق ئومۇملىشىشى ئەمەلگە ئاشتى. يېزا ـ بازار شىپاخانىلىرى، كەنت سەھىيە ئۆيلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى 100%كە يەتتى، شىنجاڭ بالىلار دوختۇرخانىسى دۆلەتنىڭ رايون داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇش تورى قىلىپ بېكىتىلدى. ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئېغىر كېسەل، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرنى ئايرىپ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتۇق، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 15 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەر توپى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بويىچە كۆزىتىلدى، شىنجاڭدا تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ يۈزبېرىش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىگە چۈشتى. ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلدۇق، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا نوپۇسىدىكىلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ھەمكارلىق دوختۇرخانىلىرىدا يېتىپ داۋالانغاندا، ئاۋۋال دىياگنوز قويۇپ داۋالاپ بولغاندىن كېيىن ھەق تۆلەش ۋە بىر كۆزنەكتە ھېسابات قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق. پىلانلىق تۇغۇت بويىچە مۇلازىمەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردۇق.

ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق. ئومۇمىي خەلقنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويدۇق. «ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش»تىن ئىبارەت ئۈچ قات كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتىنىڭ 95%تىن يۇقىرى بولۇش ھالىتىنى ساقلىدۇق. شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈردۇق. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئۆلچىمى ۋە دەل جايىدا قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردۇق. ئۆزى ئىختىيار قىلغان «بەشتە كاپالەتلىك» ياشانغانلارنى مەركەزلىك بېقىش نىسبىتىنى 90%كە يەتكۈزدۇق، يېتىم بالىلارنى مەركەزلىك يىغىپ بېقىش نىسبىتىنى 92.9%كە يەتكۈزدۇق. مېيىپلەرگە قارىتا «ئىككى تۈرلۈك تولۇقلىما تۈزۈمى»نى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردۇق.

ئەلگە مەدەنىيەت ئارقىلىق نەپ يەتكۈزۈشنى سىجىل ئالغا سىلجىتتۇق. ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ناھىيە ـ يېزا ئىككى دەرىجىلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت مەيدانى، سارىيى (پونكىتى) نىڭ تولۇق ئومۇملىشىشى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى نامرات رايونلاردا كەنت دەرىجىلىك ئۈنىۋېرسال مەدەنىيەت مۇلازىمەت مەركەزلىرىنىڭ تولۇق ئومۇملىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق. مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئەلگە مەدەنىيەت ئارقىلىق نەپ يەتكۈزۈش بويىچە 1000 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق ھەر خىل ئويۇن قويۇلدى، ھەر دەرىجىلىك «تۆت ساراي، بىر پونكىت» ھەقسىز ئېچىۋېتىلىپ، ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز بېيىتىلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈزلۈكسىز گۈللىنىپ، مىللەتلەر ۋە چېگرا رايون تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسىرى «يىراقتا قالغان چوپان ناخشىسى» مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشى «بەش بىر قۇرۇلۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلىدۇق. شەھەر ـ بازارلاردا 197 مىڭ 900 يۈرۈش كاپالەتلىك تۇرالغۇ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيى 50 مىڭ 900 يۈرۈش بولدى، يېزىلاردا 200 مىڭ 200 يۈرۈش ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى توك پار بىلەن ئىسسىتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش (1 ـ قارارلىق) قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، 316 مىڭ ئائىلىلىك ئۆيىنى توك پار بىلەن ئىسسىتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدۇق. كۆمۈر، توك، نېفىت، گاز، ترانسپورت قاتارلىق نۇقتىلىق ئامىللار بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كۈچەيتتۇق. بارلىق مەمۇرىي كەنتلەردە قاتتىقلاشتۇرۇلغان يول تۇتاشقان، يولۇچىلار ئاپتوبۇسى قاتنىغان، ھەرىكەت ئېنېرگىيە توكى تۇتاشقان، ئوپتىكا تالالىق كەڭ بەلباغ تۇتاشقان بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق. ئۈرۈمچىدە كونا شەھەر رايونلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، مىليونغا يېقىن شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى؛ يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، ھەر مىللەت ئاممىسى زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشقا قاراپ مەزمۇت قەدەم تاشلىدى.

ئەلگە بىخەتەرلىك ئارقىلىق نەپ يەتكۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇردۇق. تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى تۈزەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۈنىۋېرسال قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردۇق، ئۇدا 1200 نەچچە كۈن ئېغىر، زور ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىك ۋەقەلىرى يۈز بەرمىدى. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېمەكلىك، دورا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ساختا ـ ناچار مەھسۇلاتقا دائىر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تەن سالامەتلىكى ۋە ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدىدۇق.

**9) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈردۇق**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملىدۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق. پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ۋە ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىدۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىللە ئولتۇراقلىشىدىغان، بىللە ئۆگىنىدىغان، بىللە ئىشلەيدىغان، بىللە كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىجتىمائىي شارائىتنى بەرپا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنى «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا، «بەشنى چىن قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشقا، ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى ئورتاق قوغداشقا، گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا يېتەكلىدۇق.

دىن خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلىدۇق. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى توسۇش، ئەسەبىيلىكنى چەكلەش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈردۇق، مەسچىت، دىنىي زاتلار، دىنىي پائالىيەت ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بولغان مۇلازىمەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردۇق، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردۇق.

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! بىڭتۈەن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىڭتۈەننىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ھۆكۈمەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، بىز بىڭتۈەننىڭ مۇقىملىقنى ساقلاش، چېگرا رايوننى قوغداشتا تېخىمۇ زور مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشىنى، تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللىدۇق. بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، تۈرلۈك مەمۇرىي فۇنكسىيەنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللىدۇق. بىڭتۈەننىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشىنى قوللىدۇق، بىڭتۈەننىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىنى، جەنۇبقا تەرەققىي قىلىشنى تېزلىتىشىنى قوللىدۇق. بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ئىشلار، مۇقىملىقنى قوغداش، كادىر ـ ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتۇق.

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ شىنجاڭغا بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇقى ۋە سەممىي ئۈمىدى مۇجەسسەملەنگەن. بىز 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇبيېكتلىق رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتتۇق، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر شىنجاڭغا 18 مىليارد 819 مىليون يۈەن مالىيە مەبلىغى سېلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرىدىن 1935نى يولغا قويدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغىنىڭ خەلق تۇرمۇشى ساھەسى ۋە ناھىيەدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلامغا سېلىنىش نىسبىتى 80%تىن ئاشتى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى 820 يېزا، بازار(كەنت) بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياردەمگە ئېرىشكەن 774 يېزا، بازار(كەنت) قوشماقلاشقان ياردەم ـ يۆلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ خالىس ياردىمى، شۇنداقلا شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ جاپالىق ئەجرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاش يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى. بىز دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللىدۇق، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەربىيدىن چېكىنگەنلەرگە قارىتىلغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ـ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈش، ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش ـ ئورتاق بەرپا قىلىش يېڭى سەھىپىسىنى بىرلىكتە ياراتتۇق!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! ئۆتكەن بىر يىلدىكى نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ئاسانغا چۈشمىدى، بۇ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقىنىڭ نەتىجىسى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىنىڭ نەتىجىسى، دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىق ـ كومىتېتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ خالىس ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بۇ نەتىجىلەرگە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭمۇ جاپالىق ئەجرى سىڭگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىغا، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارغا، خەلق تەشكىلاتلىرىغا ۋە ھەر ساھە زاتلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن! شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرىغا، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان بارلىق كادىرلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن! شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەن بارلىق دوستلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن!

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)